# ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېڭى يول ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشچە، «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» يۈرۈشلۈك بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتى قوزغىتىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ 65 خىل خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى تونۇشتۇرۇلۇپ سېتىلىپ، سېتىلىش سوممىسى جەمئىي 19 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئالبابا، جىڭدۇڭ قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇپىلار بىلەن بىرلىشىپ، كۆپ قېتىم «شىنجاڭدا جەم بولۇش» «شىنجاڭنى بايقاش» «ھەقىقىي شىنجاڭ» قاتارلىق دېھقانلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان تور ماركېتىڭ پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر مىنۇتتا 20 مىڭ يەشىك تۇرپان قوغۇنى سېتىش، يەتتە سائەتتە 100 مىڭ خالتا چاپچال گۈرۈچى سېتىش، ئۈچ سائەتتە 10 مىڭ يەشىك يېڭىسار سەمەت ئۆرۈكى سېتىش، ئومۇمىي مىقدارنى 100 مىڭ يەشىكتىن ئاشۇرۇشتەك نەتىجە ياراتتى، كۆپ قېتىم يەككە پائالىيەتتە سېتىش سوممىسىنى 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇشتەك رېكورت ياراتتى.

ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلار سەھنە ھازىرلىدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى «ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى»، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى «ئېلېكترونلۇق سودا تېز پويىزى»غا چىقتى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى بۇ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، «بازاردا جەم بولۇش . نامراتلارنى يۆلەشكە كۈچ قوشۇش»نى سۈپەتلىك ماركا قىلغان ئاممىۋى مەنپەئەت بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇگۇر ئاق ئۆرۈكىنى توردا ئاممىۋى مەنپەئەت تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى، «يەنجى سوۋغىسى» ئاممىۋى مەنپەئەت بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى، خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ھازىرغا قەدەر، «بازاردا جەم بولۇش . نامراتلارنى يۆلەشكە كۈچ قوشۇش» پائالىيىتىدە بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش جەمئىي 12 مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلدى، توردا كۆرگەن ئادەم سانى جەمئىي 250 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 676 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، نەق مەيداندىكى تەربىيەلەشتە بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالىغان ياش 200دىن ئاشتى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە، جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، كوناشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن «ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ‹قاناتلاندۇرۇش› — جۇڭگو تېلېگرافى تيەنخۇ بۇلۇت سودىسى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ دېھقانلارغا ياردەم بېرىش بويىچە بىۋاسىتە كۆرسىتىش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى»نىڭ كوناشەھەر ناھىيەسى مەخسۇس مەيدان پائالىيىتىدە، قىسقىغىنا ئىككى سائەتلىك بىۋاسىتە كۆرسىتىش 8 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كۆرۈرمەننى جەلپ قىلىپ، يەرلىكنىڭ قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان خاس نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتىنى سېتىشقا ياردەم بەردى.

## كوللېكتىپ سېتىۋېلىش نىشانلىق يۆلەش

بۇ يىل «1 ـ ماي» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىدىن قىممىتى 2 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 5000 يۈرۈشتىن ئارتۇق قۇرۇق مېۋە سوۋغاتلىقى سېتىۋېلىپ، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەم جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، شىنجاڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلارغا ھال سوراش بۇيۇمى سۈپىتىدە تارقىتىپ بەردى.

ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، بۇ يىل 4 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پائال يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشقا تەشكىللەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە باشلامچى رول ئويناپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىن بايراملىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغاندا، نامرات رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىشنى، شۇنداقلا پۈتۈن يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسىنىڭ شۇ ئورۇننىڭ يىللىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق چىقىمى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10%ىدىن تۆۋەن بولماسلىقىنى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى مۇكاپات بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغاندا، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى ۋە نامرات كەنتلەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە پائال قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن كۆپ خىل يول ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى ھەم ئۆزىدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىپ نامرات رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ۋاستىچى بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەت كۈچلىرىنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى.

خېجىڭ ناھىيەلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى، ئۈندىدار خىزمەت توپى، QQ توپى قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىپ داغدۇغا پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «سېتىۋېلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش» شەكلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سىستېمىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، ياردەم بېرىدىغان، يۆلەيدىغان كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. بۇ يىل «1 ـ ماي» مەزگىلىدە، خېجىڭ ناھىيەلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 59 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ توخۇ ۋە كۆكتاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھال سوراش، سېتىشقا ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نامرات رايونلارنىڭ قىممىتى 18 مىليون 880 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى ۋە ساتتى.

## كۆپ تەرەپ قاتنىشىش سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خوتەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا كۈچ قوشۇش ۋە شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ خوتەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى يولغا سېلىش مۇراسىمى خوتەن ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى، 240 توننا چىلان، ياڭاق قاتارلىق سېتىلماي قالغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى لىق قاچىلانغان سەككىز ئاپتوموبىل نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ ئەنخۇيغا ئاتلاندى.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئالدىنقى مول ھوسۇل پەسلىدە بازارغا تايىنىپ سېتىۋالغان خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي قالدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي قېلىش قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەنخۇينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىدىن 5460 توننا باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتى زاكاز قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، دۆلەت كارخانىلىرى، يۇقىراۋى كارخانىلار قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، قول تۇتۇشۇپ نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلدى.

شىنجاڭ ئەييۇۋېي يىمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايوننىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، توقسۇن ناھىيەسى، خوتەن شەھىرى، چىرا ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى، ئىنچىكە پىششىقلىدى، توردا ۋە تور سىرتىدا ساتتى.

جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «ۋوسەيچى» دېھقانلار ئېلېكترونلۇق سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇرۇشىنى قوللاش ئاساسىدا، ئۇرالمىنى بىرتۇتاش لايىھەلەش، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىش، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش ھۆكۈمەت ئۈندىدار سۇپىسىدا ھەمكارلىشىپ تەشۋىق قىلىش، تور دۇكىنى قۇرۇش ـ يۈرۈشتۈرۈشكە ھەمكارلىشىش، پېدائىيلارنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

تارىخ ئېقىمىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. بۈگۈنكى دۇنيادا تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش دەۋر ئېقىمىغا ئايلاندى. شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش قىممەت ئىنتىلىشىگە ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. لېكىن، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر جاھاننىڭ مالىمان بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرمەكچى بولغىنى تىنچ، خاتىرجەم شىنجاڭ ئەمەس، بەلكى داۋالغۇپ تۇرغان شىنجاڭ، ئۇلارنىڭ كاللىسى يەنىلا مۇستەملىكىچىلىك، كېڭەيمىچىلىك قىلغان كونا دەۋردە توختاپ قالغان، سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرىدا، نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىش كونا رامكىسىدا توختاپ قالغان، دۇنياغا يالغۇز زومىگەرلىك قىلىش خام خىيالىدا توختاپ قالغان، بۇنداق كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرۈش ئاخىر دەۋر تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

ھەققانىيلىققا، ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ خىرىس قىلىدىغىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تۆۋەن چېكى بولۇپ، ئۇ، سېپى ئۆزىدىن ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى جىنايى قىلمىش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىيلىك پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە چوڭقۇر ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى، لېكىن ئامېرىكا ئەكسىچە يول تۇتۇپ، تېررورچى كۈچلەرنى ئاشكارا، يوشۇرۇن ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ، قىلچە نومۇس قىلماي يېپىپ پەردازلىدى. ئامېرىكىنىڭ قارىشىچە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى ئەگەر ئامېرىكىغا قارىتىلغان بولسا، يولدىن چىققانلىق بولىدۇ؛ ئەگەر شىنجاڭغا قارىتىلغان بولسا، گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولىدۇ، ھەتتا جۇڭگو شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتىنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ قاراپ، زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارنى «دېموكراتىيە جەڭچىسى» دەپ قاراپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە «يۈرەك كۈچەيتىش ئوكۇلى» ئۇرۇپ، «روھلاندۇرۇش دورىسى» بېرىپ، ماھىيەتتە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى زەمبىرەك يېمى قىلىپ، ئۆزىنىڭ خۇپىيانە غەرىزىگە يەتمەكچى بولدى.

خەلقئارا قانۇنچىللىقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى باراۋەرلىكى بارلىق خەلقئارا قانۇن پىرىنسىپىنىڭ يادروسى، خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي مىزان. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلقئارا قانۇن پىرىنسىپى خىتابنامىسى»دا: بارلىق دۆلەتلەر، بولۇپمۇ چوڭ دۆلەت، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «ياخشى نىيەتلىك» بولۇشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى بىردەك تەلەپ قىلىنغان. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، ھالبۇكى ئامېرىكا «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش» ھىيلە ـ نەيرىڭىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئالاقىدار ئەمەلدارلىرى ۋە ئەمەلىي گەۋدىلىرىنى چەكلەشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، خەلقئارا قانۇن نەزەرىيەسىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، خەلقئارا تەرتىپنى ئېغىر زەھەرلىدى، تەرەققىيات مۇھىتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئاخىردا ھامان ھەققانىيەت سوتىغا تارتىلىدۇ.

يوللۇق ئىشنى قوللايدىغانلار كۆپ بولىدۇ، يولسىزلىق قىلغانلار يېتىم قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، جۇڭگونى توسۇپ بېسىشى، بۇ پەقەت ئۇنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشىنى، ئىنسانىي ئەخلاق ـ ھەققانىيەت ۋە ۋىجداننىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ!

**(ئاپتورى: شۈ گۇيشياڭ، شىنجاڭ تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)**

**(«نۇر گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان)**

---

# ئالمىجان قايناق بازاردىن سودا پۇرسىتى ئىزدىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلىگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقان ئالمىجان بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. «بىز ئىسمېنا ئالمىشىپ ئىشلەيمىز، ئەتىگەنلىك ئىسمېنا سائەت 6دە باشلىنىدۇ، كەچلىك ئىسمېنىدا سائەت 16دە ئىش ئورنىغا بارىمىز.» ئالمىجان بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىش ۋاقتى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «مەن تېخى ياش، كەلگۈسىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىشىم بار».

«بۇ ياش يىگىت ناھايىتى ئىشچان، ئۇقتۇرۇش چاپلاش، تەشۋىقات تاختىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تالىشىپ قىلىدۇ.» ئالمىجاننىڭ بەنجاڭى مۇئىبىللا ئوسمان چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەملىشىدىغان بۇ يىگىتكە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

خىزمەتكە قارىتا ئالمىجاننىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بار.

ئىلگىرى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر يىمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى، گەرچە ئايلىق كىرىمى ئاز بولمىسىمۇ، ئالمىجان ھەمىشە بىر نەرسىسى كەمدەك ھېس قىلاتتى.

ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالمىجان ئىستىپا بېرىپ، ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كۆكتات توپ سېتىش بازىرىغا كېلىپ ئامانلىق ساقلىغۇچى بولدى.

نۇرغۇن كىشى چۈشەنمىدى، ئالمىجان كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ خوتەن شەھىرىدىكى مۇھىم توپ سېتىش بازىرى، قايسى پەسىلدە قانداق كۆكتات ساتسا ئەڭ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، قوي ـ كالا گۆشىنىڭ بازار ئەھۋالى قانداق، بىر دەرىجە يۇقىرى توپ سېتىش يولى نەدىن كېلىدۇ... بۇ ئۇچۇرلار ھامان بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ، ئېھتىمال مېنىڭ كەلگۈسىدىكى پۇرسىتىم مۇشۇ قايناق بازاردا بولۇشى مۇمكىن.

«ئىلگىرى ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقتىمنى قايتۇرۇۋالىمەن» دېدى ئالمىجان.

## ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ مېڭىشىغا يول قويماسلىق

ئالمىجان ئۆيدە يالغۇز بالا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنىدۇ، ئەتراپتىكى چوڭلارمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

يەتتە ياشقا كىرگەن ئاشۇ يىلى، ئىش ئۇقمايدىغان ئالمىجاننى چوڭلىرىدىن بىرى بىر كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقال قويۇۋالغان بىر ئەر ئولتۇراتتى، ھەممەيلەن ئۇ كىشىنىڭ «دىنىي بىلىم»لەرنى سۆزلىشىنى ئاڭلاۋاتقانىدى، ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى گۆدەك ئالمىجان پۈتۈنلەي چۈشەنمىدى، پەقەت ئۇ يەردە بىئارام بولۇپ ئولتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن، ۋاقىت بولسىلا، ھېلىقى چوڭ كىشى ئۇنى ئاڭلاشقا ئېلىپ باردى، ئاستا ـ ئاستا ئالمىجاننىڭ سەبىي قەلبىدە ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەسەبىي ئىدىيە خۇددى بىر كىشەندەك ئۇنىڭ قەلبىنى كىشەنلىۋالدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالمىجان خوتەن شەھىرىدىكى بىر ئاپتوموبىل رېمونت دۇكىنىدا شاگىرت بولدى، دۇكاندا ياشلار كۆپ بولۇپ، كۆپچىلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ناخشا ئېيتقىلى، ئۇسسۇل ئوينىغىلى باراتتى، ئالمىجان بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇنىڭچە بۇ ئىشلار «توغرا ئەمەس» ئىدى، بەزىدە مۇشۇ ئىشلار سەۋەبىدىن باشقىلار بىلەن تالاش ـ تارتىش ۋە توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ دوستلىشىش دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەنىدى.

ئوغلىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ چۈشكۈنلۈكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسى تۇرسۇن داۋۇتنىڭ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى، ئانىسى خاسىيەت ئېلىمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئاخىرىدا، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ياردىمى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئالمىجان خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشنى قارار قىلدى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئالمىجان ھېلىقى كىشى سۆزلىگەن «داۋلى»نىڭ ھەممىسى سەپسەتە ئىكەنلىكىنى، پۈتۈنلەي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئالمىجان ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى تاپتى. «ئۆز تۇرمۇشۇمدا ئۆزۈم قارار چىقىرىشىم كېرەك، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ بۇرنۇمدىن يېتىلەپ مېڭىشىغا ئەمدى يول قويمايمەن».

ئالمىجان تەستە كەلگەن بۇ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ناھايىتى قەدىرلىدى، كۈچلۈك ئىشتىياق بىلەن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەندى، يېڭى شەيئىلەرنى چۈشەندى.

## يۆنىلىش بولغاچقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى تۈگىمەس كۈچكە تولۇش

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئالمىجان بىر يىمەكلىك زاۋۇتىغا كېلىپ ئىشلىدى. «ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئۆيدە دەم ئېلىۋاتىدۇ، مەن دادام بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشلەۋاتىمەن» دېدى ئۇ. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئالمىجان ھەسسىلەپ تىرىشىپ، مېھنەت ئىش، جاپالىق ئىشلارنى تالىشىپ قىلدى. ئۈچ جان بار ئائىلىدە ئىككى ئەمگەك كۈچى بولۇپ، ھەر ئايدا 8000 ـ 7000 يۈەن كىرىم قىلىپ، ئائىلە شارائىتى ناھايىتى تېزلا ياخشىلاندى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئالمىجان يەنە بىكار ئولتۇرمىدى. «دادامنىڭ خىزمەت ۋاقتى مۇقىم ئەمەس، ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، مەن كۆپرەك ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ».

ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغىنىدا، ئانىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. «بالام چوڭ بوپتۇ، ئىش ئۇقىدىغان بوپتۇ، ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولاي دەپ قالدى. قاچان بىر قىز دوست باشلاپ كەلسە، مەن ۋە دادىسى تېخىمۇ خۇشال بولىمىز.» قىز دوستىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا ئالمىجاننىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ بېشىنى بۇرىۋالدى، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئوغلىنىڭ «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن» يىمەكلىك زاۋۇتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغاندا، دادىسى تۇرسۇن چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بار، پەقەت ئىدىيەدە ئالغا ئىلگىرىلىسىلا، بىز ئۇنى قوللايمىز».

«مېنىڭ ھازىرقى مائاشىم بۇرۇنقىدىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۆگىنىشكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىم بار» دېدى ئالمىجان، بوش ۋاقتى بولسىلا، ئۇ بازار ئايلىنىپ، توپ سېتىش سودىگەرلىرى كىرگۈزۈۋاتقان كۆكتاتلاردا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا، كۆكتات باھاسىنىڭ ئۆسكەن ياكى چۈشكەنلىكىگە قارايدۇ، «مەن بازاردىن مۇۋاپىق دۇكان تېپىپ، ئەھۋالنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، دادام بىلەن بىللە يايما ئورنى ئىجارىگە ئېلىپ توپ ۋە پارچە سېتىشنى ئويلاۋاتىمەن. بەلگىلىك مەبلەغ توپلىغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل رېمونت دۇكىنى ئاچىمەن. ھازىر خوتەننىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز، ئەتراپتىكى يېزا ـ بازارلاردا ئاپتوموبىل سېتىۋالغان دېھقانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش چوقۇم بازارلىق سودا بولىدۇ».

كىشىلىك ھايات يۆنىلىشى بار بولدى، 22 ياشلىق ئالمىجان پۈتۈن ۋۇجۇدى تۈگىمەس كۈچكە تولغاندەك ھېس قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)